ئەسلى مەقسەتنى ئۇنتۇماي بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش
يېنىمىزدىكى ئۈلگىلەر

# بىر ـ بىرىنىڭ ھالىغا يېتىش كۆڭۈل ئارقىلىق كۆڭۈلنى ئۇتۇش

—— چۆچەك شەھەرلىك 6 ـ باشلانغۇچ مەكتەپ مەكتەپ ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى لۇ خۇڭ توغرىسىدا

□ مۇخبىرىمىز سۇڭ ياۋېن

«مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشنىڭ مۇھىم نۇقتىسى سىردىشىشتا، بۇنىڭ ئۈچۈن بىر ـ بىرىنىڭ ھالىغا يېتىش، كۆڭۈل ئارقىلىق كۆڭۈلنى ئۇتۇش كېرەك.» چۆچەك شەھەرلىك 6 ـ باشلانغۇچ مەكتەپ مەكتەپ ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى لۇ خۇڭ باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ بۇ سۆزىنى ئىزچىل ئەستە چىڭ ساقلاپ، پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ھەربىر كىچىك ئىشنى ياخشى قىلىپ، ھەربىر ئوقۇغۇچىغا چىن قەلبى، چىن ھېسسىياتى بىلەن مۇئامىلە قىلدى.

■ ئىتتىپاقلىق گۈللىرىنى مەكتەپتە پورەكلىتىپ ئېچىلدۇرۇش

چۆچەك شەھەرلىك 6 ـ باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ تەنتەربىيە مەيدانىدا، يېقىملىق مۇزىكا رىتىمىغا ئەگىشىپ، 1000دىن ئارتۇق ئوقۇغۇچى رەتكە تىزىلىپ، رىتىمغا كەلتۈرۈپ دەسسەپ، ئوقۇتقۇچىغا ئەگىشىپ ئۇسسۇل ھەرىكەتلىرىنى ئىشلەۋاتاتتى...

«باشلانغۇچ مەكتەپ باسقۇچى دەل ئوقۇغۇچىلار مىللىي غۇرۇرنى قوبۇل قىلىدىغان ۋە يېتىلدۈرىدىغان ئاچقۇچلۇق باسقۇچ، مېنىڭ قىلىدىغىنىم باللاردا كىچىكىدىنلا توغرا مىللەت قارىشى ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ئېڭىنى يېتىلدۈرۈش» دېدى تەنتەربىيە مەيدانىنىڭ چېتىدە تۇرۇپ ئوقۇغۇچىلارنىڭ جانلىق ئۇسسۇل ھەرىكەتلىرىنى كۆرۈپ تۇرغان لۇ خۇڭ كۈلۈپ تۇرۇپ.

چۆچەك كۆپ مىللەت توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان چېگرا شەھىرى، بۇ يەردە خەنزۇ، قازاق، ئۇيغۇر، تاتار، داغۇر، رۇس قاتارلىق كۆپ مىللەت ئوغۇل ـ قىزلىرى بىر ئائىلە كىشىلىرىدەك بولۇپ، خۇشال ـ خۇرام، ئىناق ـ ئىجىل ئۆتىدۇ.

لۇ خۇڭ مەكتەپنىڭ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى خىزمىتىگە مەسئۇل. ئۆگىنىشنى قانداق قىلىپ ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك؟ قانداق قىلىپ ئۆزئارا يۇغۇرۇلۇش كېرەك؟ لۇ خۇڭ تەپەككۇر قىلاتتى، ئەمەلىيەتتە كۆرسەتتى. ئۇ مەكتەپتە يېڭىلىق يارىتىپ، پارتىيە 19 ـ قۇرۇلتىيىنىڭ روھىنى ھەممەيلەن ئۆگىنىش، ۋەتەنپەرۋەرلىك ناخشىلىرىنى ھەممەيلەن ئېيتىش، ۋەتەنپەرۋەرلىك كىتابلىرىنى ھەممەيلەن ئوقۇش، ۋەتەنپەرۋەرلىك كىنولىرىنى ھەممەيلەن كۆرۈش، ۋەتەنپەرۋەرلىك بازىلىرىنى ھەممەيلەن ئېكسكۇرسىيە قىلىش، ۋەتەنپەرۋەرلىك ھېكايىلىرىنى ھەممەيلەن ئېيتىش، مىللىيچە ئۇسسۇلنى ھەممەيلەن ئويناش قاتارلىق مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ھېسسىياتىنى يۇغۇرۇش تەربىيەسى بويىچە ئالاھىدە بىر قاتار پائالىيەتلەرنى قانات يايدۇردى، بۇنىڭ بىلەن مەكتەپ ئىدىيەۋى ـ سىياسىي تەربىيە ۋاستىسىغا ئىگە بولدى.

«باللاردا كىچىكىدىنلا توغرا كىشىلىك قاراش، قىممەت قارىشىنى تۇرغۇزۇش كېرەك، ئۇلار ئۆگىنىش، ئۆسۈپ يېتىلىشتىكى ھەربىر قەدەمنى ياخشى مېڭىشى كېرەك» دېدى لۇ خۇڭ.

■ مېھىر ـ مۇھەببەت ئارقىلىق باللارنىڭ قەلب تارىنى چېكىش

ھەربىر ئوقۇغۇچىغا قارىتا، لۇ خۇڭ چىن قەلبى ئارقىلىق باللار بىلەن پىكىر ئالماشتۇردى، چىن ھېسسىياتى ئارقىلىق باللارنىڭ قەلبىنى ئىللىتتى، سەمىمىيتى ئارقىلىق باللارنىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىشتى.

5 ـ يىللىقتىكى قىزچاق ئانشار ئىچ مىجەز بالا بولۇپ، دەرستىن چۈشكەندىن كېيىن، ئۇ ھەمىشە ئۆزى يالغۇز ئۆز ئورنىدا ئولتۇراتتى. لۇ خۇڭ بۇنى ئىنچىكىلىك بىلەن بايقىغاندىن كېيىن، تەشەببۇسكارلىق بىلەن بۇ ئوقۇغۇچىنىڭ سىنىپ مەسئۇلى بىلەن ئالاقىلىشىپ، ئۇنىڭ ئەھۋالىنى ئىگىلىدى. دەرستىن كېيىن پۇرسەت تېپىپ ئانشار بىلەن پاراڭلىشىپ، ئۇنى ساۋاقداشلىرى بىلەن پىكىر ئالماشتۇرۇشقا، ئويى ـ پىكرىنى دادىل ئىپادىلەشكە رىغبەتلەندۈردى. لۇ خۇڭنىڭ كۆيۈنۈشى بىلەن ئانشار بارغانسېرى ئېچىلدى، چىرايىدا تەبەسسۇممۇ كۆپەيدى.

2015 ـ يىلى تولى ناھىيەسىدىكى بەش ياشلىق قىزچاق دىنارە ئاق قان كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ قالدى، بالىنىڭ كېسىلىنى داۋالىتىش ئۈچۈن، ئۇنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر كالا ـ قويلىرىنىڭ ھەممىسىنى سېتىۋەتتى. لۇ خۇڭ بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، دۆلەت بايرىمىلىق دەم ئېلىشتىن پايدىلىنىپ، قىزنى ئېلىپ شىنجاڭ تىببىي داشۆسى قارىمىقىدىكى 1 ـ دوختۇرخانىغا كېلىپ دىنارەنى يوقلىدى ھەم ھال سوراش پۇلى بەردى. لۇ خۇڭنىڭ بۇنداق ئىشلىرى ئاز ئەمەس، ئوقۇغۇچىلارنىڭ نەزەرىدە، ئۇ مېھرىبان «لۇ ئانا».

■ «ئاپام مېنىڭ ئۈلگەم»

لۇ خۇڭنىڭ قىزى ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئاپىسى ئۇنىڭ ئۈلگىسى، ئاپىسىنىڭ تەسىرىدە، ئۇ پائال ئىلگىرىلەپ، ئەتراپىدىكى ھەربىر ساۋاقدىشىنى ئىتتىپاقلاشتۇردى، يەنە ئاپتونوم رايون بويىچە «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدىكى ياخشى ئۆسمۈر» دېگەن نامغا ئېرىشتى.

ۋاڭ يىشۈەن لۇ خۇڭنىڭ ئوقۇغۇچىسى، ۋاڭ يىشۈەننىڭ ئاپىسىنىڭ خىزمىتى بىرقەدەر ئالدىراش بولغاچقا، دائىم ئۇنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالالمايتتى، لۇ خۇڭ ۋاڭ يىشۈەننى ئۆيىگە ئېلىپ كېلىپ، ئۇنى قىزى بىلەن بىللە ئۆگىنىش قىلدۇردى، بىللە تۇرمۇش كەچۈرگۈزدى، لۇ خۇڭ ۋاڭ يىشۈەننى ئىككىنچى قىزى دەپ بىلدى، ئىككى قىزچاقمۇ ئايرىلماس ياخشى ئاچا ـ سىڭىللاردىن بولۇپ قالدى، ئىككى بالىنىڭ بىللە ئويناۋاتقانلىقىنى، پاراڭلىشىۋاتقانلىقىنى، ئۆگىنىش قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرگىنىدە، لۇ خۇڭنىڭ چىرايىدا بەخت جىلۋىلىنەتتى.

«ئاپام ھەربىر بالىغا ياخشى مۇئامىلە قىلىدۇ، ئۇ كۆپچىلىكنىڭ قەلبىدىكى ياخشى مۇئەللىم، مېنىڭ قەلبىمدىكى ياخشى ئانا. ئۇ مېنىڭ ئۈلگەم.» قىزى قەتئىيلىك بىلەن مۇنداق دېدى: «مەن چوڭ بولغاندا ئاپامغا ئوخشاش ياخشى مۇئەللىم بولىمەن!»

گۈزەل يۇرت ـ ماكانىمىزنى ياخشى قوغدايلى

# مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنىڭ ئەمەلىيەتتە كۆرسەتكۈچىلىرىدىن بولىمەن

□ مورى قازاق ئاپتونوم ناھىيەلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى شياڭ چېڭۋېن

مۇشۇ يەردە تۇغۇلۇپ ئۆسكەن مورىلىق بولۇش سۈپىتىم بىلەن، مەن مورىنىڭ ئىقتىسادى، جەمئىيەت زور تەرەققىياتى، مىللەتلەر بۈيۈك ئىتتىپاقلىقى مۇساپىسىنى ئۆز بېشىمدىن ئۆتكۈزدۈم. ئەمەلىيەت شۇنى ئىسپاتلىدىكى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ دانا رەھبەرلىكى بولمىسا، شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادى، جەمئىيىتىنىڭ ئۇچقاندەك تەرەققىياتى بولمايتتى، بۈگۈنكى بەختلىك تۇرمۇشىمىز بولمايتتى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىشىپ بىر ئائىلە كىشىلىرىدەك بولغان، جۇڭگو ئارزۇسىنى بىر نىيەتتە ئورتاق ئىشقا ئاشۇرىدىغان ياخشى كەيپىيات بولمايتتى.

ئەقلىمنى بىلگەندىن تارتىپ، ئۆيىمىزنىڭ ئەتراپىدا قازاق، خۇيزۇ، ئۇيغۇر قاتارلىق مىللەتلەردىن بولغان قولۇم ـ قوشنىلىرىم بار ئىدى، مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چاغلىرىمدا تونۇشقان ياخشى ياتاقداشلىرىم، ياخشى ساۋاقداشلىرىم، خىزمەتكە چىققاندىن كېيىن تونۇشقان ياخشى خىزمەتداشلىرىم، ياخشى دوستلىرىمنىڭ ھەممىسى ئوخشىمىغان مىللەتتىن ئىدى. كۆپچىلىك بىر قاچىدا تاماق يەپ، بىر ئىستاكاندا سۇ ئىچىپ، مەيلى چاغان، دەۋەنۇۋ بايرىمى، جۇڭچيۇ بايرىمى بولسۇن ياكى روزا ھېيت، قۇربان ھېيت بولسۇن، كۆپچىلىك بىرلىكتە ئۆتكۈزۈپ، ئۇرۇق ـ تۇغقان، دوست ـ بۇرادەرلەرنى يوقلاپ، ئۆزئارا بەخت تىلىشەتتۇق. يەيدىغان ياخشى نەرسە بولسا، كۆپچىلىك تەڭ بەھرىمەن بولاتتۇق، قىيىنچىلىق بولسا، كۆپچىلىك بىرلىكتە ئامال قىلىپ ھەل قىلاتتۇق. ھەر مىللەت قېرىنداشلار ئىتتىپاق، ئىناق ئۆتۈپ، مەنپەئەتداش ۋە تەقدىرداش بولۇپ، يۇرتىمىزنىڭ گۈللىنىشى، تەرەققىي قىلىشى ئۈچۈن ياشلىق باھارىمىزنى بېغىشلاپ، تەر تۆكۈپ، تۆھپىمىزنى قوشتۇق.

بىر پارتىيەلىك كادىر بولۇش سۈپىتىم بىلەن، مەن شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسى ۋە پارتىيە 19 ـ قۇرۇلتىيىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، قەتئىي تۈردە ئىدىيە ۋە ھەرىكىتىمنى يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلىرىغا بىرلىككە كەلتۈرۈپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرى بولۇپمۇ ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىنى زىچ چۆرىدەپ، ئۆزلۈكسىز ھالدا «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، كاللامنى ھەر ۋاقىت سەگەك تۇتۇپ، بايرىقىم روشەن، مەيدانىم مۇستەھكەم، سىياسىيدا سەزگۈر، پوزىتسىيەم قەتئىي ھالدا شىنجاڭنىڭ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋە ئىجتىمائىي مۇقىملىقىنى قوغدايمەن. ئىشنى ئۆزۈمدىن باشلاپ قىلىپ، ئۇششاق، كىچىك ئىشلاردىن باشلاپ قىلىپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۆز قارىچۇقۇمنى ئاسرىغاندەك ئاسرايمەن، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى ھاياتىمنى قەدىرلىگەندەك قەدىرلەيمەن. «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىشىپ بىر ئائىلە كىشىلىرىدەك بولۇش» ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بىرلەشمە دوستلۇق پائالىيىتىنى پۇختا، ياخشى قىلىپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى خىزمىتىنى ھەقىقىي تۈردە كۆڭلۈمگە پۈكىمەن، چىڭ تۇتىمەن، ھەرىكىتىمدە ئەمەلىيلەشتۈرىمەن. ئائىلىلەرگە كىرىپ ئەھۋال ئىگىلەش، تۇغقان يوقلاش قاتارلىق پۇرسەتلەردىن پايدىلىنىپ، دېھقان ـ چارۋىچى ئاممىغا ياخشى كۈنلەرنىڭ پارتىيەنىڭ ياخشى سىياسىتىدىن كەلگەنلىكىنى ئېنىق سۆزلەپ، ئېنىق چۈشەندۈرۈپ، ھەر مىللەت ئاممىنى چىن قەلبىدىن پارتىيەگە مىننەتدارلىق بىلدۈرىدىغان، پارتىيەنىڭ گېپىنى ئاڭلايدىغان، پارتىيەگە ئەگىشىپ ماڭىدىغان قىلىمەن. سەممىيلىك بىلەن، پۈتۈن كۈچۈم بىلەن، چىن ھېسسىياتىم بىلەن ئاممىغا تايىنىپ، ئاممىنى قوزغاپ، ئاممىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، سەۋرچانلىق، ئىنچىكىلىك بىلەن قىلىنغان ئاممىۋى خىزمەت ئارقىلىق ھەر مىللەت ئاممىنى ماركسىزملىق «بەش قاراش» «ئۈچ ئايرىلالماسلىق» ئىدىيەسىنى مۇستەھكەم تۇرغۇزۇشقا، جۇڭخۇا مىللىتى ئورتاق گەۋدىسى ئېڭىنى مۇستەھكەملەشكە، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداشنىڭ كونكرېت ئەمەلىيىتىگە ئاكتىپ، تەشەببۇسكارلىق بىلەن قاتنىشىشقا، ھەممەيلەننى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداشنىڭ ئۈلگىلىرىدىن بولۇشقا يېتەكلەپ، ئەمەلىي ھەرىكىتىم ئارقىلىق مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى گۈللىرىنى دائىم پورەكلىتىپ ئېچىلدۇرىمەن.

14 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك قىشلىق تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىنىڭ چانا تۈرىدە

# شىنجاڭ ماھىرلىرى بىر ئالتۇن، بىر كۈمۈش، بىر مىس مېدال ئالدى

ئۆز خەۋەرىمىز پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرى خۇاڭ شىڭ شىنجاڭ ئاپتونوم رايونلۇق تەنتەربىيە ئىدارىسىدىن ئىگىلىشىچە، ئۆتكەن ھەپتە، 14 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك قىشلىق تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىنىڭ ئالدىن ئۆتكۈزۈلگەن چانا تۈرى مۇسابىقىسىدە، شىنجاڭ چانا كوماندىسىنىڭ ماھىرلىرى بىر ئالتۇن، بىر كۈمۈش، بىر مىس مېدالغا ئېرىشكەن بولۇپ، مېدالغا ئېرىشكەن ئىككى تەنھەرىكەتچى ئارافات ئەخمەت بىلەن گۈلجەننەت ئابدۇقېيۇم شىنجاڭ تەنتەربىيە كەسپىي تېخنىكا شۆيۈەنىنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى ئىكەن.

بۇ يىل 20 ياشقا كىرگەن ئارافات شىنجاڭ تەنتەربىيە كەسپىي تېخنىكا شۆيۈەنى تەنھەرىكەت مەشقى فاكۇلتېتىنىڭ 2016 ـ يىللىق ئوقۇغۇچىسى بولۇپ، بۇ قېتىمقى مۇسابىقىدە ئەرلەرنىڭ چانا يەككە تۈردە چېمپىيون بولغان؛ گۈلجەننەت شىنجاڭ تەنتەربىيە كەسپىي تېخنىكا شۆيۈەنى تەنھەرىكەت مەشقى فاكۇلتېتىنىڭ 2019 ـ يىللىق ئوقۇغۇچىسى بولۇپ، بۇ قېتىمقى مۇسابىقىدە ئاياللارنىڭ چانا يەككە تۈردە ئۈچىنچى بولغان؛ بۇ ئىككىيلەن كوماندا بولۇپ تەشكىللىنىپ چانا كۆچ ئۇلاش مۇسابىقىسىگە قاتناشقان ھەم ئىككىنچىلىكنى قولغا كەلتۈرگەن.

«بۇ چېمپىيونلۇقنىڭ ماڭا بولغان ئىلھامى بەك چوڭ، مېنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى ئارزۇيۇم 2022 ـ يىللىق بېيجىڭ قىشلىق ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىگە قاتنىشىش ھەم ئەلا نەتىجىنى قولغا كەلتۈرۈش» دېدى ئارافات 10 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى نورۋېگىيەدىكى ئەتىگەنلىك مەشىقنى تۈگەتكەندىن كېيىن ئۈندىدار ئارقىلىق مۇخبىرغا.

18 ياشلىق گۈلجەننەت مۇنداق دېدى: «بۇ قېتىم ئاياللارنىڭ يەككە تۈردە ئۈچىنچى بولۇشتەك نەتىجىگە ئېرىشىش مەن ئۈچۈن كۈتۈلمىگەن خۇشاللىق بولدى. بۇ تۈردىكى تەنھەرىكەتكە قىزغىن ئىشتىياق باغلىغاچقا، مەن ئۈزلۈكسىز نۇرغۇن قىيىنچىلىقنى يەڭدىم، تىرېنىر ۋە مەكتەپ، دۆلەت كوماندىسىنىڭ ماڭا ياردەم بەرگەنلىكىگە رەھمەت ئېيتىمەن».

«بېيجىڭ قىشلىق ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى بىزنىڭ تىرىشىش نىشانىمىز، شۆيۈەن ئالايىتەن بېيجىڭ قىشلىق ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىنىڭ چانا تۈرى بويىچە ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش پىلانى مەخسۇس رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى قۇردى. تەربىيەلەنگۈچىلەر يېنىك ئاتلېتىكا كەسپىدىكى ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدىن تاللاپ چىقىلىپ، ئۇزاق مۇددەت يېپىق ھالەتتە مەشىق قىلدى. تەربىيەلەنگۈچىلەرنىڭ شەخسىي ئالاھىدىلىكىگە قارىتا، بىز تۈرمۇش، پسىخىك جەھەتتىن يېتەكلەش، مەشىق ئۇسۇلىنىڭ ھەممىسىدە ئوخشاش بولمىغان پىلان تۈزدۇق، پۈتۈن كوللېكتىپ زىچ ماسلاشتى، بۇ قېتىمقى چېمپىيونلۇقمۇ مۇشۇ ئالدىنقى شەرت ئاساسىدا قولغا كەلتۈرۈلگەن» دېدى شىنجاڭ تەنتەربىيە كەسپىي تېخنىكا شۆيۈەنى پارتكومىنىڭ شۇجىسى جۇ جېڭخۇي مۇخبىرغا.

ئىگىلىنىشىچە، چانا تۈرى 1964 ـ يىللىق قىشلىق ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىدە رەسمىي مۇسابىقە تۈرى قىلىنغان. بېيجىڭ 2022 ـ يىللىق قىشلىق ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىنىڭ چانا تۈرى مۇسابىقىسى يەنچىڭ مۇسابىقە رايونىنىڭ دۆلەتلىك رولluq چانا، چانا مەركىزىدە ئۆتكۈزۈلۈپ، تۆت ئالتۇن مېدال تەقسىم قىلىنىدىكەن.

# باغۋەنلەرنىڭ مەنپەئەتىگە كاپالەتلىك قىلىندى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشقا كۈچ قوشۇلدى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

«ئىككى تور» شىنجاڭنىڭ خاس يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى «ياخشى تېرىش، ياخشى ھوسۇل ئېلىش، ياخشى سېتىش»قا كۈچ قوشماقتا.

■ «مول ھوسۇل سوۋغىسى» تەقدىم قىلىش

10 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى ئەتىگەندە، سوغۇق شامال ئۇرۇلۇپ تۇراتتى. سائەت 7دىن ئەمدىلا ئاشقان بولسىمۇ، شىنجاڭ ياڭاق(خوتەن) توپ تارقىتىش سودا بازىرى قاينام ـ تاشقىنلىققا چۆمگەنىدى. لىق ياڭاق بېسىلغان دېھقانچىلىق ئاپتوموبىللىرى بىر ـ بىرلەپ ئامبارغا كىردى، ئاپتوموبىللارغا بېسىلغان ياڭاقلار ئۆچرەت بويىچە تارازىدىن ئۆتتى، تازىلاندى، ئامبارلارغا كىرگۈزۈلدى، سېتىۋېلىش مەيدانى ناھايىتى ئاۋات بولۇپ، باغۋەنلەرنىڭ خۇش چىرايلىرىدىن رازىمەنلىك ئەكس ئېتىپ تۇراتتى...

«بازارغا تايىنىپ سېتىۋېلىش دەل ۋاقتىدا بولدى.» جۇمەنىيازنىڭ خۇشاللىق بىلەن سۆزلەپ بېرىشىچە، ئۇ مەسئۇل بولغان ھەمكارلىق كوپېراتىپىنىڭ 1080 مو ياڭاقلىقى بار بولۇپ، بۇلتۇر 500 توننىدىن ئارتۇق ياڭاق ساتقان ئىكەن، بۇ يىل ھەر كىلوگرامىنىڭ سېتىۋېلىش باھاسى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن بۇلتۇرقىدىن بىر يۈەندىن ئىككى يۈەنگىچە يۇقىرى بولۇپتۇ، كىرىمنىڭ ئېشىشىدا گەپ يوق ئىكەن!

شىنجاڭ ياڭاق(خوتەن) توپ تارقىتىش سودا بازىرى بۇلتۇر 11 ـ ئايدا تىجارەت باشلىغان. «شىركەت + كەسپىي ھەمكارلىق كوپېراتىپى + دېھقان ئائىلىسى» ئەندىزىسى بويىچە، ئۆلچەملەشتۈرۈلگەن ياڭاق بازىسى قۇرۇلۇشى قانات يايدۇرۇلۇپ، ياڭاق پىششىقلاش كەسىپ ئورۇنلاشتۇرۇشى زورايتىلدى، ھازىرغىچە جەمئىي سېتىۋېلىنغان، پىششىقلانغان، سودا قىلىنغان ياڭاق 200 مىڭ توننىدىن، ياڭاق مېغىزى 35 مىڭ توننىدىن ئېشىپ، 10 مىڭ ئادەم قېتىمدىن ئارتۇق ئىشقا ئورۇنلىشىشقا تۈرتكە بولۇندى.

«بىز خوتەن ۋىلايىتىنىڭ ياڭاق سېتىش مەسىلىسىنى ئۈنۈملۈك ھەل قىلىپ، قەشقەر، ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭكىگە تەسىر كۆرسىتىپ، يېتەكلەپ، شىنجاڭنىڭ ياڭاق كەسپىنى زورايتىش، كۈچەيتىشتە مۇھىم رول ئوينىدۇق» دېدى شىنجاڭ مېۋىچىلىك گۇرۇھىنىڭ مۇئاۋىن دىرېكتورى فۇ يەنجياڭ تونۇشتۇرۇپ.

شىنجاڭ مېۋە مەھسۇلاتلىرى(پەيزاۋات) توپ تارقىتىش سودا بازىرى بۇ يىل 7 ـ ئايدا پەيزاۋات قوغۇنى مەركەزلىك بازارغا سېلىنىشتىن بۇرۇنلا تىجارەتكە كىرگۈزۈلدى، توردا، تور سىرتىدا سودا قىلىنغان پەيزاۋات قوغۇنى جەمئىي 180 مىڭ توننا بولۇپ، ئۆز ئالدىغا سېتىۋالغان، ساتقان قوغۇن 60 مىڭ توننىدىن ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە، باليۇۋاڭ سورتىنىڭ سېتىۋېلىنىش باھاسى بۇلتۇرقى ھەر كىلوگرامى ئوتتۇرىچە 2.5 يۈەندىن بۇ يىل تۆت يۈەنگە ئۆستى.

«بولۇپمۇ بۇ يىل بازار ئامىلىنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ، پەيزاۋات غېنىۋۇلسىنىڭ باھاسى تۇراقسىز بولغان ئەھۋالدا، بىز پەيزاۋات ناھىيەسىدە ئۇن سېتىۋېلىش نۇقتىسى تەسىس قىلىپ، بازارنىڭ دەسلەپكى باھاسىغا ئاساسەن ھەر كىلوگرامىنى 22.5 يۈەندىن سېتىۋېلىشتا باشتىن ـ ئاخىر چىڭ تۇرۇپ، غېنىۋۇلا باھاسىنىڭ چۈشۈپ كېتىش ۋەزىيىتىنى ئۈنۈملۈك پەسەيتىپ، دېھقانلارنىڭ غېنىۋۇلا سېتىش، كىرىمنى ئاشۇرۇشىدا مۇھىم رولىمىزنى جارى قىلدۇردۇق» دېدى فۇ يەنجياڭ.

قۇرۇلۇپ ئىشلىتىشكە كىرىشتۈرۈلگەن سەككىز «شىنجاڭ ئىچىدە سېتىۋېلىش تورى» تۈرى بازارغا تايىنىپ سېتىۋېلىش مۇلازىمەت سۈپىتى ۋە باشلامچىسى بولۇپ، ھەرقايسى چوڭ بازا، شىركەتلەر ھەممىدە يېتەكلەيدىغان، ھەمكارلاشقان دېھقانلار كەسپىي ھەمكارلىق كوپېراتىپلىرى، كەنت قۇرغان زاۋۇتلارنى سېتىۋېلىش سۈبىيكتى قىلىپ، ھازىرغىچە مېۋىچىلىك گۇرۇھى 50 مىڭ توننىدىن ئارتۇق يېشىل پوستلۇق ياڭاق، 46 مىڭ توننىدىن ئارتۇق ئۆرۈكنى بازارغا تايىنىپ سېتىۋالدى، پىششىقلىدى، 60 مىڭ توننىدىن ئارتۇق قۇرۇق ياڭاقنى يىغىپ ساقلاپ، بازار باھاسىنى مۇقىملاشتۇرۇش ۋە دېھقانلارنىڭ ئىشەنچىنى ئۇرغۇتۇشتا مۇھىم رولىنى جارى قىلدۇردى.

■ ئايلاندۇرۇش ئىقتىدارىنى ئۈستۈرۈش

ئوخشاش ياڭاق مېغىزى بولسىمۇ، ئاق رەڭلىكنىڭ باھاسى سارغىيىپ، قارىداپ قالغىنىدىن تۆت ھەسسە قىممەت بولىدۇ، بۇ قاغىلىق ناھىيەسىنىڭ شاخاپ يېزىسى تۇگمەنبېشى كەنتىدىكى ياڭاق تېرىش چوڭ ئائىلىسى ئابدۇقادىر ياسىننىڭ كۆزىنى ئاچتى، ئۇ توختىماي «پەن ـ تېخنىكا كۈچ ئىكەن!» دەپ ماختىدى.

بۇ يىل 9 ـ ئايدا ياڭاق بازارغا سېلىنىشتىن بۇرۇن، شىنجاڭ ياڭاق(قاغىلىق) توپ تارقىتىش سودا بازىرىنىڭ ياڭاق پىششىقلاش، ئىشلەپچىقىرىش لىنىيەسى پۈتۈنلەي ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى، بۇنىڭ بىلەن ياڭاق مېغىزىنىڭ ئاق بولۇش نىسبىتى ئەسلىدىكى 25%تىن 70%تىن كۆپرەككە يېتىپ، پوستلۇق ياڭاقنىڭ سېتىۋېلىنىش باھاسى 25% ئۆستى.

(ئاخىرى 4 ـ بەتتە)